# 10319 ـ جۇنۇپ كىشىگە يېمەك يېيىش ئۈچۈن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

ئىنسان جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ بولۇپ يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى بىر نەرسە يېسە ۋە ئىچسە توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

يېمەك-ئىچمەك يەيدىغان ۋاقىتتا جۇنابەتتىن غۇسۇل قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، قولىنى يۇيۇۋەتسە ياكى كىچىك تاھارەت ئېلىۋەتسە ياخشى بولىدۇ، بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىس بۇنىڭ دەلىلىدۇر. «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇپلۇق ھالەتتە ئۇخلىماقچى ياكى بىر نەرسە يېمەكچى بولسا كىچىك تاھارەت ئالاتتى». [مۇسلىم "ھەيز" بۆلىمى /461 دە كەلتۈرگەن].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن "شەرھىل مۇمتى"دا مۇنداق دەيدۇ: " مېنىڭ بىلىشىمچە جۇنۇپ كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىپ ئۇخلىشى مۇستەھەپتۇر. شۇنىڭدەك، يېمەك ـئىچمەك ئۈچۈنمۇ تاھارەت ئېلىۋەتسە ياخشى بولىدۇ"، بەزى ئالىملار: جۇنۇپ بولسىمۇ تاھارەت ئالماستىن قولىنى يۇيۇۋېتىپ بىر نەرسە يېسە بولىدۇ دەيدۇ".

"شەرھىل مۇمتى" 1 ـتوم 310–311 ـبەتلەر

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.